# ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

تۇرسۇنئاي مۇنداق دېدى: مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن تۇرپاننىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشكەنلىكىگە گۇۋاھ بولدۇم، يۇرتۇمنىڭ يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولدى، تۇرپانغا ساياھەتكە كېلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، نۇرغۇن دېھقان «ساياھەتچىلىكنىڭ تامىقى»نى يېدى، كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن مەنپەئەتلىنىپ، ھازىرقى تۇرمۇشىمىز تىنچ، بەختلىك، لېكىن بەزىلەر ‹كىشىلىك ھوقۇق›نى دەستەك قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلىدى، بۇ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەنلىك بولماي نېمە!»

«ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىق.» بۆرۈلتوقاي ناھىيەسى چىغان جىگدە يېزىسى سەكرەش كەنتىنىڭ ئاھالىسى جانارىبېك كەكىن مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى، دېھقان - چارۋىچىلار ئازادە، يورۇق ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، كەنتتە ئاسفالت يول ياسالدى، تۇرۇبا سۈيى تۇتاشتۇرۇلدى، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى. «ئامېرىكا تەرەپ ‹كىشىلىك ھوقۇق› تونىغا ئورىنىۋېلىپ، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز».

«ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىكى مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنى كۆرگەنمۇ؟ بۇنداق ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش، پاكىتنى بۇرمىلاش قىلمىشى ئىنتايىن نومۇسسىزلىق، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمىز.» ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونى شىخۇا كوچا باشقارمىسى گۈاڭمىڭ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى مىجىت توختى مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەنلىكى، مۇقىملىقى قىل سىغمايدىغان پاكىت، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاشىلا قىلىشقا، جۇڭگونىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق يامان نىيەتتىكى ھىيلە - مىكىرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

**«خاتىرجەم ياشاش كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ چوڭ كاپالىتى»**

«شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا سۆزلەشكە بىز ئەڭ ھوقۇقلۇق. ھەر مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار بۇ تۇپراقتا ناھايىتى تىنچ، خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، زوراۋان - تېرروررچىلار، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر قالايمىقانچىلىق چىقارمىسىلا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز چوقۇم بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ» دېدى يوپۇرغا ناھىيەسى ئەشمە بازىرى يىما كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇرسۇنئەلى ئابدۇرۇسۇل.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، تۇرسۇنئەلى كەسپەرلەش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ بىر سىلىسارلىق دۇكىنى ئاچتى. بۇ ئىككى يىلدا ھويلا - ئارامنى ئۆزگەرتىش، يېزا ھاجەتخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، سىلىسارلىق دۇكىنىنىڭ ئىشلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇ يىللىق ساپ كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «ئىلگىرى كەنتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بەختلىك ئائىلىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. ھازىر جەمئىيەت مۇقىم بولدى، كىشىلەرنىڭ چىرايىدە كۈلكە كۆپەيدى، مانا بۇ بىز ئېرىشمەكچى بولغان بەختلىك تۇرمۇش» دېدى تۇرسۇنئەلى.

«تەلىم - تەربىيە مەركىزى بولمىسا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى خاتىرجەم كۈنلىرىمۇ بولمايتتى. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› پاكىتقا تامامەن خىلاپ، جەزمەن كىشىلەر كۈلكىگە ياقمايدۇ. بىز ھەر قانداق كۈچنىڭ شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز.» ئاقتو ناھىيەسى ئۆزمە يېزىسى قونساق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قۇۋان توختى مۇنداق دېدى: مەن ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ قۇترىتىشىغا ئۇچراپ خاتا يولغا مېڭىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن روھلۇق بولۇپ قالغانلىقىنى، ئالغا باسقانلىقىنى، يەنە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ئارقىلىق خىزمەت تېپىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. «تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. بىز ھۆكۈمەت قوللانغان بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى چىن كۆڭلىمىزدىن قوللايمىز ۋە ھىمايە قىلىمىز، ھەرقانداق كىشىنىڭ تەستە قولغا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز».

«ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ. كۈنلىرىمىزنىڭ ياخشى ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكى كۆڭلىمىزگە ئەڭ ئايان.» قاراقاش ناھىيەسى زاۋا بازىرى جايتېرەك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قەمەرنىسا ئابدۇمەممەت قاراقاش ناھىيەسى رويشەن ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ بىر تېخنىك ئىشچىسى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيەنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ پايدىسى بىلەن، ئائىلىمىزدە دېھقانچىلىق كىرىمىدىن سىرت، ئېرىم بىلەن ئىككىمىز يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق ئائىلىمىزنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردۇق، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى. «بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەت تىنچ، ھەممە ئادەم خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ كاپالىتى، بىز ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ‹كىشىلىك ھوقۇق›نى باھانە قىلىپ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز».

**«بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك»**

«بىز بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى قەدىرلەپ، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى قۇرۇپ چىقىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىدىغان قىلمىشلىرىغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىشىمىز كېرەك» دېدى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسى جىگدىلىك كەنتىدىكى بېيىش باشلامچىسى سالام ۋايىت.

سالام ئىلگىرى نامرات ئائىلە ئىدى، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، يەنە خوتەنلىك دوستى لو چاۋجۈن بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى قۇردى، سودىسى جانلىنىپ، 60 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. «مېنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق دوستلىرىم بار، بىز ناھايىتى ئىناق ئۆتىمىز. كۆپچىلىك بىر ياقىدىن باش چىقارساقلا، چوقۇم تۇرمۇشىمىزنى بارغانسېرى ياخشىلىيالايمىز، يۇرتىمىزنى بارغانسېرى گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز» دېدى سالام.

«ھازىر شىنجاڭدا جەمئىيەت تىنچ، كېلىدىغان ساياھەتچىلەرمۇ كۆپەيدى، ئائىلىمىزنىڭ دېھقانلار ئارامگاھى سودىسىمۇ جانلىنىۋاتىدۇ.» 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سەھەردە، بورتالا شەھىرى ئوتبۇلاق بازىرىنىڭ گەندىن يېڭى كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ما جىبىن ھويلىسىدىكى يىغىلىپ قالغان قارلارنى تازىلاپ، دېھقانلار ئارامگاھىنى ئېچىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلدى.

ما جىبىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: كېلەر يىلى مېۋە - كۆكتات ئۈزۈش باغچىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى سەيلە - ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلىمەن. «مەن تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى يېتەكلەپ، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىنىڭ يۆلىشىدە بېيىش يولىغا مېڭىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئىناق، مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قوغدايمەن» دېدى ما جىبىن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

**(مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا، ۋاڭ دۇڭ، جاڭ جىلى، خەن چىنبىن، جاڭ تىڭ، جاڭ رۇيلىن، سۇڭ ياۋبىن، خې لىڭ، پەرىزات ئابدۇل، ئىختىيارى مۇخبىرىمىز بەي يانەن يازغان)**

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا تۆھمەت قىلىشقا، بوھتان چاپلاشقا يول قويمايمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

مەن ئامېرىكىدىكى بۇ بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشتەك رەزىل، شەرمەندە قىلمىشىدىن قاتتىق چۆچۈدۈم، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قىلچە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىدىغان، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ نوخلىسىنى ئۆستۈرىدىغان بۇنداق قىلمىشلاردىن قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. مەن شىنجاڭنىڭ تۈنۈگۈنى، بۈگۈنى، ئەتىسى ئارقىلىق بۇ ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلارغا بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ ھەقىقىي كىشىلىك ھوقۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن!

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىننى دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تارقىتىپ، «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» قاتارلىق سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىپ، ئاممىنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرۇشقا، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەشنى رەت قىلىشقا، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى چەتكە قېقىشقا، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشقا، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلىشقا سىجىل قايمۇقتۇردى، قۇتراتتى. 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز بولدى. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان جىنايى قىلمىشى جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت، تۇرمۇش تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش مۇساپىسىگە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ھالبۇكى شۇ چاغلاردا، سىلەر، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىۋالدىڭلار، يالغاندىن گاس - گاچا بولۇۋالدىڭلار، زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى بىلەن قىلچە كارىڭلار بولمىدى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى بىر قىسىم ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىمۇ ھەممىشە كوللېكتىپ سۆز قىلماسلىقنى تاللىدى، سوراپ باقاي، سىلەرنىڭ ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»ىڭلار يەنە كىمنى قوغداۋاتىدۇ؟

كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ يامراش، كېڭىيىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كۈچەپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىق - تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى تەسىس قىلىپ، ياردەم بېرىش - يېتەكلەش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان ۋە قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قارىتا، ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتىگە ئاساسەن، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى بۇ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن تازىلاپ چىقاردى، بۇ، ئۇلارغا سەممىي ياردەم بەرگەنلىك، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالغانلىق. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، تەربىيەلەنگۈچىلەر دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىپ، دىنىي ئەسەبىزمگە قارىتا ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولدى، شىنجاڭدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى پەيدا بولىدىغان، يامرايدىغان تۇپراق ۋە شارائىت تەدرىجىي يوقىتىلدى.

ھازىر شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەرقايسى مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق - رايىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تىنچ - خاتىرجەم بولۇۋاتىدۇ. «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» بويىچە تەلىم - تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. مەن ۋە ئەتراپىمدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىم شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى مۇقىم، چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىدە بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ تولۇپ تاشقانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇق.

مەن خەۋەرلەردىن كۆردۈم، تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان 91 دۆلەتنىڭ 70تىن ئارتۇق ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىكى چەت ئەل ئەمەلدارلىرى، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1000دىن ئارتۇق كىشى بەس - بەستە: ئەمەلىي ئەھۋال بىر قىسىم غەرب تەشكىلاتلىرى ۋە تاراتقۇلىرىنىڭ تەسۋىرلىگەنلىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن، دېيىشتى. خەلقئارا جەمئىيەت شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلغا يۈكسەك باھا بەرگەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالقىشلىغان پەيتتە، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار يەنە سەكرەپ چىقىپ، ساختا ياخشىچاق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولۇۋېلىپ، شىنجاڭ قوللانغان تەلىم - تەربىيە شەكلى ئارقىلىق ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلىنى كەلسە - كەلمەس ئەيىبلىدى، يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، غەرىزى زادى نېمە؟ بۇ، جۇڭگو شىنجاڭنى ئافغانىستان، سۈرىيەگە ئوخشاش قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىشىغا پۇرسەت يارىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنى مالىمان قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش سۇيىقەستى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ دىلىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازار بەردى. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىمىز، قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولىدىكەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بولىدىكەن، ھەرقانداق تۆھمەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، ھەرقانداق پىتنە - ئىغۋا شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ، ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم، تەرەققىي قىلغان بۈگۈنى بولۇپلا قالماي، يەنە چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسى بولىدۇ.

# بارلىق سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىدا ماڭىمەن

(بېشى 1 - بەتتە)

ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»گە كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەردى. بىر پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»گە قەتئىي قارشى تۇرىمەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدايمەن.

شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. شىنجاڭ ئىلگىرى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم، بۆلگۈنچىلىك خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن بىللە مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بەردى، بۇ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ پائال تۆھپە قوشتى.

غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلار 2016 - يىلدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو شىنجاڭدا 20 نەچچە ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنى قىسمەن ۋە پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلدى، دېدى. مەزكۇر ماقالىلەردە مۇشۇنى باھانە قىلىپ كۆپتۈرۈپ: «جۇڭگودىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر دىن جەھەتتە ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراۋاتىدۇ» دېيىلدى. بۇ بىر قىسىم مەسئۇلىيەتسىز، ئەخلاق - پەزىلەتسىز مۇخبىرلارنىڭ قەستەن پاكىتنى بۇرمىلىغانلىقى، ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ نەقىل كەلتۈرگەنلىكى. ئاشكارا ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، نۆۋەتتە شىنجاڭدا 24 مىڭ 400 مەسچىت بار، تەخمىنەن ھەر 530 مۇسۇلمان ئاممىغا بىردىن مەسچىت توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز مەسچىتلەردە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشتۇق.

«دىن»نى دەستەك قىلىپ شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىش غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلارنىڭ ئىزچىل قوللىنىۋاتقان ۋاستىسى. ھالبۇكى ئەمەلىيەت شۇكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى جۇڭگونىڭ بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ئاساسىي سىياسىتى. ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىقلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى - مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە قوغدالدى. شىنجاڭ «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىش» پرىنسىپى بويىچە، قانۇن بويىچە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. قانۇن بويىچە پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى - مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ كەلدى. 2017 - يىلى 6 - ئايدا گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى ئېلان قىلغان «شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابتا بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار تولۇق بايان قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشى ۋە ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەربتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قارىتا تۈرلۈك قارا چاپلاشنى ئەزەلدىن توختاتمىدى، «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشنى ئەزەلدىن توختاتمىدى، «جۇڭگو تەھدىتى سەپسەتىسى» «جۇڭگو گۇمران بولىدۇ سەپسەتىسى» داۋرىڭىنى ئەزەلدىن توختاتمىدى، بىز كۈچلۈك ئەيىبلەش ۋە كەسكىن رەددىيە بېرىش بىلەن بىللە، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىدا تېخىمۇ قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز كېرەك. مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈملىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە تۈزۈم كاپالىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى بولۇپ، «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەيدىغان، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان روشەن ئەۋزەللىك»نى مەركەزلىك نامايان قىلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈزۈم جەھەتتىن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ، پارتىيەنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

جۇڭگو پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن زىممەمدىكى مۇھىم، زور مەسئۇلىيەتنى چوڭقۇر تونۇپ، مەسئۇلىيەت ئېڭىم، پۇقرالىق ئېڭىمنى كۈچەيتىپ، مەيدانىمنى مۇستەھكەملەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئېلىپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈپ، بارلىق بىمەنە سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىپ، بارلىق تاشقى كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەپ، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ كۆرەش قىلىمەن.